# ئابدۇغېنىنىڭ سودىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

### ■ قارىغۇلارچە ئەگىشىش، ئىدىيەدە گاڭگىراپ قېلىش

ئابدۇغېنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن تىجارەت قىلىشقا باشلىدى، ھەر يىلى 3 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىراش ۋاقتى ئىدى، تىجارىتى ياخشى بولغاندا يىلدا 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تاپالايتتى.

ئابدۇغېنى ئائىلىسىنىڭ ياخشى كۈنلىرىگە كەنتتىكىلەر ھەۋەس قىلاتتى، بۇ ئۇنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلاتتى. ھالبۇكى، ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگىرىش بولدى.

2015 - يىلى، ئابدۇغېنىنىڭ ئانىسى تۇيۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ قاتتىق ئازابلاندى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ناھايىتى ئاز ئادەمنىڭ قاتنىشىشى ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىدى. ئاشۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا: «سەن سىرتتا خەنزۇلار بىلەن تىجارەت قىلسەن، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس. ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىگە قاتناشساق بىز ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىمىز...» دېدى.

«مەن ئەينى ۋاقىتتا قىزىمنى ئويلىدىم، قىزىمنىڭ توي قىلىش يېشىغا بېرىپ قالغانىدى، ئەگەر ۋاقتى كەلگەندە قىزىمنىڭ تويىغا ئادەم قاتناشمىسا، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.» ئىلگىرىكى ئويلىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئابدۇغېنى ئۇيالغىنىدىن يەرگە قارىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە باشلىدى، ئاتالمىش «ھەقىقىي مۇسۇلمان»نىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە تەلەپ قويدى. ئالدى بىلەن تاماكا - ھاراقنى تاشلىدى، ناخشا ئېيتمىدى، ئۇسسۇل ئوينىمىدى، ئارقىدىنلا خوتۇنىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشنى، بېشىنى، يۈزىنى خالىغانچە ئوچۇق قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

«شۇ چاغلاردا ئەقلىمدىن ئازغانىكەنمەن.» ئابدۇغېنى مۇنداق دېدى: خىزمەتتە خەنزۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدىم، سودام بارغانسېرى ناچارلاشتى، ھەتتا بارغانسېرى تېرىككەك بولۇپ قالدىم، دائىم بالىلىرىمنى ئۇرۇپ، تىللايتتىم. «ئەينى چاغدا بەكلا گاڭگىراپ قالغانىكەنمەن، مەن ‹ھەقىقىي مۇسۇلمان›نىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىش قىلسامۇ نېمىشقا تۇرمۇشۇم بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ؟» ئابدۇغېنى مۇنداق دېدى: ئەگەر ھەقىقەتەن ئاشۇ كىشىلەر دېگەندەك بولسا، كۈنلىرىم بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كەتسە بولاتتىغۇ؟

«ئەجەبا قىلغانلىرىم يېتەرلىك بولمىدىمۇ، ھازىرقىسى ماڭا بولغان جازامۇ؟» بۇنداق ئوي - خىياللار خۇددى «زەھەرلىك ئۆسمە»دەك ئابدۇغېنىنىڭ كاللىسىدا كېڭىيىشكە باشلىدى. ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا، يەنە ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىغىمۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈردى.

ئابدۇغېنىنىڭ ئىشلىرىدىن خوتۇنى بۇئايشەم ئەنسىرەپ قورقتى. بۇئايشەم كەنت كادىرلىرىنى ئىزدەپ، بىرلىكتە ئېرىگە خىزمەت ئىشلىدى. 2018 - يىلى ئابدۇغېنى قەشقەر شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلدى، ئۇ يەردە تەدرىجىي دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى.

### ■ تەربىيەلەشنى قوبۇل قىلىش، كەسىپتە قەد كۆتۈرۈش، ئائىلىسى بەختكە تولۇش

قەشقەر شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، ئابدۇغېنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

«مەن تەدرىجىي ھالدا نېمىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت، نېمىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋالدىم.» ئابدۇغېنى مۇنداق دېدى: ئاشۇ كىشىلەر «دىن» تونىغا ئورۇنىۋالغان بولۇپ، ھەقىقىي مەقسىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتۇر.

كاللىسىدىكى «زەھەرلىك ئۆسمە» ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئابدۇغېنى ئۆگىنىشتە تېخىمۇ تىرىشتى. «ئىلگىرى سودا قىلغاندا پۈتۈڭخۇانى بىلمەيتتىم، پۇل خەجلەپ تەرجىمان تەكلىپ قىلاتتىم، ھازىر تەرجىمان تەكلىپ قىلمايمەن.» ئۇ مۇنداق دېدى: تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، مەن ئاسماندىن پوشكال چۈشمەيدىغانلىقىنى، ياخشى كۈنلەرگە ئۆزىمىز كۈرەش قىلىپ ئېرىشىشىمىز كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەنلىرىگە تايىنىپ، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان ئابدۇغېنىنىڭ سودىسى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كەتتى. «ئىلگىرىكىنىڭ ھەممىسى ئاغزاكىلا كېلىشىش ئىدى، ھازىر قانۇن ئېڭىغا ئىگە بولدۇم، ھەربىر تىجارەتتە خېرىدار بىلەن توختام تۈزىدىغان بولدۇم، ناھايىتى ئۆلچەملىك بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ شىركىتىم بىلەن ھەمكارلىشىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى.» ھازىرقى خىزمەت ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا، ئابدۇغېنى ناھايىتى پەخىرلەندى.

ئېرىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرگەن خوتۇنى بۇئايشەم كۆڭلىدە خۇشال بولدى. ئۇنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى ئېرىنىڭ كۆيۈمچان بولۇپ كەتكەنلىكى ئىدى. مۇخبىرغا ئېغىز ئاچماي تۇرۇپلا، بۇئايشەم ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. يېنىدىكى ئابدۇغېنى دەرھال ئۇنىڭغا قەغەز بەردى، ئۇنىڭ ئازراق خىجىل بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئىلگىرىكى ئابدۇغېنى ئۆيدە ھېچ ئىش قىلمايتتى، بۇئايشەم ئۆزى يالغۇز بالا باقاتتى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى، يەنە پات - پات تىل ئىشىتىپ، تاياق يەيتتى. ھازىر ئېرى باشقا بىر ئادەمگە ئايلانغانىدى. بۇئايشەم مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ ياش تۆكۈشىدىكى سەۋەبنى ئېيتىپ بەردى. بۇ يىل 4 - ئايدا، بۇئايشەم تاماق ئەتكەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتىنى كۆيدۈرۈۋالدى، ئانىسى ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولغاندا، ئابدۇغېنى قەتئىي قوشۇلمىدى. ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىتتا، ئۇ خوتۇنى بىلەن بالىسىنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىپلا قالماي، ئۆينىمۇ جايىدا يىغىشتۇردى.

بىرىنچى قېتىم تاماق ئېتىش، بىرىنچى قېتىم خوتۇنىغا كىر يۇيۇپ بېرىش، بىرىنچى قېتىم بالىسىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش... بۇ ئۈچ ئايدا، ئابدۇغېنى ھاياتىدىكى نۇرغۇنلىغان بىرىنچىلەرنى سىناپ كۆردى. «تەلىم - تەربىيەنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەر ۋە ئاتا بولۇش مەسئۇلىيىتىمنى تونۇپ يەتتىم، ئۆزگىنى چۈشىنىش، ئۆزگىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگەندىم.» ئابدۇغېنى مۇنداق دېدى: ھازىر مەيلى خىزمىتىم قانچە ئالدىراش بولسۇن، ئائىلىدە خوتۇنۇمغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىمەن، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن.

### ■ مىننەتدارلىقنى يەتكۈزۈش، كەنتنىڭ خۇرۇم ئاياغ سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىش

سودىسىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئابدۇغېنى روبىخەتكە ئالدۇرۇپ شىركەت قۇردى. لېكىن ئۇ ھەمىشە نېمىدۇر كەمدەك ھېس قىلاتتى.

خوتۇنى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق پاراڭ ئارىلىقىدا، ئۇ كۆڭۈل سۆزىنى ئېيتتى. «كۈنلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن بولغان، مەن بۇ مېھىر - شەپقەتنى تەشۋىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن.» ئابدۇغېنىنىڭ ئويى خوتۇنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

لېكىن، نېمە ئىش قىلسام بولار؟ ئابدۇغېنى كەنت ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ قەشقەر شەھەرلىك شەھەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نەزەرباغ بازىرى بۇچا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى مەمەت رىشاتنى ئىزدەپ بېرىپ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى. مەمەت ئۇنىڭغا كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ كەنتتە موزدۇزلۇق ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرماقچى ئىكەنلىكىنى، ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا مەسئۇل كىشى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

«بۇ ئويۇڭلار بەك ياخشى ئىكەن.» ئابدۇغېنى بىرئاز ھاياجانلاندى. ئەسلىدە بۇچا كەنتىدە موزدۇزلۇق ئەنئەنىسى بار ئىدى. «كەنتىمىزدە نۇرغۇن ياشانغان كىشىنىڭ ھەممىسى تىكەلەيدۇ، بۇ بىر خىل ئۆزگىچە ئۆتۈك بولۇپ، سىرتى كالا تېرىسىدىن، ئىچى قوي تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، سوغۇقتىن ساقلىشى ئالاھىدە ياخشى.» ئابدۇغېنى: ئاياغ ئاساسلىقى ئالتاي ۋە شىزاڭ، شەرقىي شىمال قاتارلىق ئالاھىدە سوغۇق بولىدىغان جايلارغا سېتىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى دادىسىمۇ بىرنەچچە يىل موزدۇزلۇق قىلغان ئىكەن.

كېيىن ئابدۇغېنىنىڭ ئۆيمۇئۆي كىرىپ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئاخىر 21 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى كوپىراتىپقا قوشۇلۇشنى خالىدى، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى نامرات ئائىلە ئىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردەم قىلىپ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، تاشلىنىپ قالغان بىر پارچە يەر زاۋۇت ئۆيى قىلىندى. بۇ يىل 5 - ئايدا، بۇچا كەنتىدە موزدۇزلۇق ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى.

ئابدۇغېنى ئاساسلىقى خام ماتېرىيال سېتىۋېلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا مەسئۇل بولدى، كەنت ئاھالىلىرى يىغىپ، بىرتۇتاش تىكتى، ئاندىن بىرتۇتاش ساتتى، ئاياغنىڭ بازار باھاسى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولدى. ئىلگىرى كەنت ئاھالىلىرى ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيىدە تىكىپ، بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى ياكى سىرتتىكىلەرنىڭ كەنتكە كېلىپ سېتىۋېلىشىنى كۈتەتتى. بازار ئېنىقسىز بولغاچقا، ئاياغ تىكىدىغانلار بارغانسېرى ئازىيىپ كەتكەنىدى.

مۇخبىرنىڭ موزدۇزلۇق ھەمكارلىق كوپىراتىپىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلاشقان كەنت ئاھالىلىرى ئايدا تەخمىنەن 3000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىكەن، كۆپچىلىكنىڭ كۈنلىرى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپتۇ. لېكىن ئابدۇغېنى تېخىمۇ يىراقنى كۆزلىدى، تېخى ئالدىنقى ئايدىلا تاۋار ماركىسىنى روبىخەتكە ئالدۇردى. «مەن تېخىمۇ كۆپ پاسوندىكى ئاياغلارنى تەكشى پىلانلاۋاتىمەن، ‹بىر بەلباغ، بىر يول› قۇرۇلۇشى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاياغلىرىمىزنى چەت ئەللەرگە سېتىپ، كەنتىمىزگە مەنسۇپ سۈپەتلىك ماركا يارىتىمىز.» كەلگۈسى توغرىسىدا توختالغاندا ئابدۇغېنى ئىشەنچكە تولدى.

# ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دائىمىي كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پىلانلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ ئىگىلەپ، دىققەتنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، سىردىشىش - سۆزلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈلگەن - كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق رەتلەپ، بەنزە ۋە شەخسنىڭ تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تەھلىل ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل يېزىپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

يىغىندا شاۋكەت ئىمىن دائىمىي كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلدى ھەم ئۆزىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇردى، پارتگۇرۇپپىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ بىر - بىرلەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، ئۆزئارا تەنقىد قىلىش، ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك يىغىننىڭ باش تېمىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، كەمچىلىكنى ئېچىپ، ئەيىبنى ئاشكارىلىدى، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، خاتالىقنى تۈزىتىش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش مەقسىتىگە يەتتى.

شاۋكەت ئىمىن خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ھەمدە ئۆزئارا تەنقىد قىلىش پىكىرلىرىگە قارىتا تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىشنى تۇتۇپ، بىر - بىرلەپ جايىدا تۈزىتىش، بولۇپمۇ مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۈزىتىش»تىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق «تۈزىتىش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، قاتتىق ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي «تۈزىتىپ»، خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنى رازى قىلىشنى چۆرىدەپ «تۈزىتىپ»، دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىپ «تۈزىتىپ»، رەھبەرلىكنىڭ يېتەكلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ «تۈزىتىپ»، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىدىيە - سىياسىيدا، روھىي ھالەتتە، خىزمەت ئىستىلىدا كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ قەتئىي پوزىتسىيە، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۆرەش ئىرادىسى، تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل بىلەن، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يىغىنغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى ھەم باھا بەردى.

# ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى بەنزىسىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ياخشى تولۇق ئادا قىلىشى، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى، ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبىلماجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ ئىگىلەپ، دىققەتنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، سىردىشىش - سۆزلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈلگەن - كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرنى رەتلەپ، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تەھلىل ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل يېزىپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا ياخشى ئاساس سالدى.

يىغىندا نۇرلان ئەبىلماجىن سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى بەنزىسىگە ۋاكالىتەن تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلدى ھەم ئۆزىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىشنى قانات يايدۇردى، پارتگۇرۇپپا بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى بىر - بىرلەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، ئۆزئارا تەنقىد قىلىش، ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاپ، خىزمەتكە تەتبىقلاپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، پەرق، يېتەرسىزلىكلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يەتتى.

نۇرلان ئەبىلماجىن خۇلاسە سۆزىدە مۇنداق تەكىتلىدى: سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قوغداش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئەڭ مۇھىم سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدە قىلىپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۇزاق مەزگىللىك سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساسىي ئوق قىلغان ئورتاق ئىدىيەۋى - سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەم قۇرۇش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. ئىستىلنى ياخشىلاشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش كېرەك. خەلق ئۈچۈن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى زىچ چۆرىدەپ، توغرا، چوڭقۇر پىكىر - قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. پاك، تەلەپچان بولۇشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىيەتچىل، پاك بولۇشتەك سىياسىي خىسلەتنى باشتىن - ئاخىر ساقلاش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسى بويىچە 2 - سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

# باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى خەلق رازى مائارىپ بەرپا قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھاسىلاتنى ئېنىقلاپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىگە، تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ مائارىپ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 5 - سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى يىغىنغا قاتناشتى ھەم باھا بەردى.

يىغىندىن ئىلگىرى، بەنزە ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەڭ پىكىر توپلاپ، سىردىشىش - سۆزلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىنى سىستېمىلىق رەتلەپ، تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تەھلىل ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل يېزىپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا ياخشى ئاساس سالدى. يىغىندا بەنزە ئەزالىرى مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا يوشۇرماي، ياپماي، ھەم نەزەرىيەدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى، خىزمەتتىكى ئاجىز تۈرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ھەم ئىدىيەدىكى پەرقلەرنى، ئىستىلدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئادەمنى كۆرۈش، ئىشنى بىلىش، ئىدىيەنى تونۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئۆزئارا تەنقىد قىلىشتا سەممىي بولۇپ، كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، مەسىلىنى ھەقىقىي كۆرسىتىپ، ھەقىقىي مەسىلىنى كۆرسىتىپ، يۈزىنى قىزارتىش، تەرلىتىش ئۈنۈمىگە يەتتى.

لى پېڭشىن خۇلاسە سۆزى قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى پايدىلىنىش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللىنىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئۆمۈرلۈك زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، قەلبلەرگە سىڭىشىگە، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ ۋەزىپىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەتكە ئاتلىنىش كېرەك؛ تۈپ مەقسەتنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، تىرىشىپ پارتىيەنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق رازى مائارىپ بەرپا قىلىش كېرەك؛ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ياخشى ئادا قىلىپ، ئىزچىل ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مائارىپنى باشقۇرۇش تەلىپىنى مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلىنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى تۇتۇپ، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىش بىلەن مەخسۇس تۈزەش ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، خەلق رازى مائارىپ بەرپا قىلىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.